## 13356 ـ ئىتنى سىلىغان كىشىنىڭ قولى نىجىس بولامدۇ؟

### سۇئال

ئىتنى سىلاش هارامىمۇ ياكى مەكرۇهمۇ؟، مەن نۇرغۇن مۇسۇلمانلاردىن: ئىت دېگەن نىجىس، ئىبلىس ئىتقا تۆكۈرۈپ قويغان دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىدىم. يەنە ئىتنى سىلىساق قولىمىزنى بىر قانچە قېتىم يۇيۇش كېرەك بولىدىكەن دەپ ئاڭلىغان بولساممۇ ئەمما قۇرئان ـ ھەدىس ياكى ئىسلامى كىتاپلاردىن بۇ توغرىدا بىر دەلىل تاپالمىدىم؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئىككى تەرەپتىن بولىدۇ:

بىرىنچى : ئىت بېقىشنىڭ ھۆكمى.

مۇسۇلمانغا شەرىئەت رۇخسەت قىلغان ئىشلاردىن باشقا ھالەتتە ئىت بېقىش ھارام بولىدۇ، كىمكى ئوۋ ئىتى ياكى چارۋاچىلىق، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئىتتىن باشقا ئىتلارنى باقىدىكەن، ھەر كۈنى ئۇ كىشىنىڭ ئەجىر ـ ساۋاپلىرىدىن بىر ياكى ئىككى تاغدەك ساۋاپ كېمىيىپ كېتىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىدۇكى، ئۇ كىشى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: «كىمكى ئوۋ ئىتى ياكى چارۋا ـ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئىتتىن باشقا ئىتلارنى باقىدىكەن، ھەر كۈنى ئۇ كىشىنىڭ ئىككى تاغدەك ياخشىلىقى كېمىيىپ كېتىدۇ». [بۇخارى رىۋايىتى 5059–ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 2941 ـ ھەدىس].

يەنە بىر رىۋايەتتە: بىر قىرات ـ بىر تاغدەك ياخشىلىقى كېمىيىدۇ دەپ كەلگەن.

قىرات دېگەن بەزى ئالىملار تاغدەك دېگەن، بۇ ئەجىر ـ ساۋاپلىرىدىن كۆپ مىقداردا كېمىيىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ كىشىنىڭ كۆپ ياخشىلىقى كېمىيىپ كەتسە، ھەم ئۇ كىشى بۇنىڭ بىلەن گۇناھكار بولسا، بۇنىڭ ھەممىسى ئىت بېقىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىت ھەممە ھايۋاندىن بەك نىجىستۇر، چۈنكى ئىتنىڭ نىجاستى يەتتە قېتىم يۇيۇش ۋە بىر قېتىم توپا بىلەن يۇيۇش ئارقىلىق پاكىز بولىدۇ. ھەتتا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە چوشقىنى ھارام ۋە نىجىس دەپ بايان قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ نىجىسلىقى

ئىتنىڭ نىجىسلىقىغا يەتمەيدۇ.

ئىت دېگەن پاسكىنا، نىجىستۇر، لېكىن بەك ئەپسۇسلىنارلىق بولغىنى، نۇرغۇن كىشىلەر كاپىرلارنىڭ نىجىس ئىتلارنى بېقىپ كۆندۈرۈۋالغانلىقىدىن ئالدىنىپ ھېچ بىر ھاجىتى بولمىسىمۇ ياكى زۆرۈر بولمىسىمۇ ئىت باقىدىغان ۋە ئىت تەربىيىلەيدىغان بولۇپ كەتتى، ئۇلار ئىتلىرىنى يۇيۇپ تاراپ باقىدىغان بولۇپ كەتتى، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىتلارنىڭ ئۆز زاتى نىجىس بولغانلىقى ئۈچۈن دېڭىزنىڭ سۈيى تۈگىگىچە يۇسىمۇ بۇ ئىتلار ئەبەدى پاكىزە بولمايدۇ.

بىزنىڭ ئۇلارغا قىلىدىغان نەسىھىتىمىز: ئۇلار بۇ قىلمىشى ئۈچۈن تېزدىن ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىپ ئىتلارنى ئۆيلىرىدىن چىقىرىۋېتىشى كېرەك.

ئەمما ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ياكى دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ھاجەت بولۇپ ئىت باققان بولسا، بۇنىڭ زىيىنى بولمايدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا رۇخسەت قىلغان. ئەگەر سىز ئىتنى ئۆيدىن چىقىرىۋەتسىڭىز، سىرىتقا تاشلىۋەتسىڭىز ئۇنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىغا سىز مەسئۇل ئەمەس، ئۇ سىزنىڭ يېنىڭىزدا قالمايدۇ، ئۆيىڭىزگە ماكانلاشمايدۇ.

ئىككىنچى: ئىتنى سىلاشنىڭ ھۆكمى.

ئەگەر ئىتنىڭ بەدىنى نەم بولمىسا، بۇ ھالەتتە ئىتنى سىلىغانىغا قولى نىجىس بولمايدۇ، ئەگەر ئىتنىڭ بەدىنى نەم ھالەتتە سىلىغان بولسا، بۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىغا كۆرە، سىلىغۇچىنىڭ قولى نىجىس بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قولىنى يەتتە قېتىم يۇيۇش كېرەك بولىدۇ، بىر قېتىمدا توپا بىلەن يۇيىدۇ.

ئەمما قاچا-قۇچىلارغا كەلسەك، قاچىنى ئىت يالاپ قويسا ياكى ئۇنىڭدىن بىر نەرسە ئىچسە، ئۇ قاچىنى يەتتە قېتىم يۇيۇش، بىر قېتىم توپا بىلەن يۇيۇش ۋاجىپ بولىدۇ. بۇ توغرىدا بۇخارى ۋە مۇسلىمدا ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ قاچىسىنى ئىت يالاپ قويسا ياكى بىر نەرسە ئىچسە، ئۇ قاچىنى يەتتە قېتىم يۇيۇش، ئاۋۋىلىدە ياكى بىر قېتىم توپا بىلەن يۇسۇن«. ئاۋۋال توپا بىلەن يۇيۇش ياخشى بولىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.

شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئۇسەيمىنىنىڭ" پەتىۋالار مەجمۇئەسى 11 -توم 246 -بەت، ئىسلام پەتىۋالىرى 4 -توم 447 -بەتكە قارالسۇن.